ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقتى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈۋك، جاۋ چۈنخۇا، سۇ لۈپىڭ، جاڭ يەنفاڭ، جاڭ يۈنمېي، شى شىن، يۈەن لىي، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئومۇمىي يىغىن، گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن شۇ خېيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن ۋەكىللەر بىلەن بىللە قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

شۇ خېيرۇڭ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نەتىجىلەر خۇلاسىلىنىپ، ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك توغرا تەھلىل قىلىنىپ، ۋەزىپىلەر ئىلمىي، ئەمەلىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، بۇ، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. يېڭى بىر يىلدا، مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش؛ قەتئىي تەۋرەنمەي ماس تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛ قەتئىي تەۋرەنمەي يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش؛ قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتىنىڭ «مال توپلاش، باغچە رايونى قۇرۇش، كەسىپلەرنى توپلاشتۇرۇش» ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ قەتئىي تەۋرەنمەي ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئەركىن تۇنىياز بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە مەسىلىلەر ئوبيېكتىپ، توغرا تەھلىل قىلىنىپ، بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، كۈرەش نىشانى ۋە نۇقتىلىق خىزمەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، مەن بۇ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن. قەتئىي، كەسكىن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆلپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ھەم «قىيىن تەرەپلەر»گە توغرا قاراپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش؛ ھەم «پايدىلىق تەرەپلەر»نى كۆرۈپ يېتىپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، سىياسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئەۋزەللىكنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەت بىرتۇتاش ئىگىلىنىپ، خىزمەتلەرگە تەپسىلىي قاراپ چىقىلىپتۇ، باش تېما روشەن، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلىك بوپتۇ، ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەيدىغان، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان روھ بىلەن، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تيەن ۋېن قاراماي شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپتۇ، يۈكسەكلىكى يۇقىرى، يۆنىلىشى ئېنىق، مەزمۇنى ئەمەلىي بوپتۇ، دوكلاتتا 2019 ـ يىللىق خىزمەتلەر توققۇز جەھەتتىن خۇلاسىلىنىپتۇ، 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەر 11 جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپتۇ، بۇ ئوبيېكتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى دوكلات بوپتۇ. 2019 ـ يىلى چوڭ ئىشلار كۆپ بولدى، خۇشاللىنارلىق ئىشلار كۆپ بولدى، دۇچ كەلگەن خىرىسلارمۇ كۆپ بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، تۈرلۈك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرسەتكۈچلىرى يىل بېشىدا ئالدىن بېكىتىلگەن نىشانغا يەتتى. بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلدى، ئۇنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئەمەلىي ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ياراتتى. 2020 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان يىل، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، بىز تەرەققىياتقا بولغان ئىشەنچىمىزنى، ئىرادىمىزنى چىڭىتىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈپ، باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىدىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

سارقىت ئاقان سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھى، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، مەن بۇ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن. ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭ مۇقىملىقىنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بەردى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم ساغلام تەرەققىي قىلدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولغان ئىشەنچ تولۇپ تاشتى. بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاچقۇچ مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشتە، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»نى ياخشى قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ياڭ شىن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا بۇلتۇرقى خىزمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك، ئوبيېكتىپ خۇلاسىلىنىپ، بۇ يىللىق ۋەزىپىلەر ئېنىق، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپتۇ، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. بىر يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، ھەقىقىي ھالدا خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ھەربىر ئامىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ بۇ يىل، مىڭ يىللاردىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيناپ كەلگەن مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. بىر تەرەپتىن، نامراتلارنى يۆلەشنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ، تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

جاڭ چۈنلىن تۇرپان شەھىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشقاندا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات مەزمۇنلۇق، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان دوكلات بوپتۇ، ئۇنىڭدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھى تولۇق گەۋدىلىنىپتۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمى ۋە «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ. دوكلاتتا خىزمەتلەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا خۇلاسىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتەك خىزمەت ئىستىلى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ؛ نىشان راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولغان ھالدا بېكىتىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ؛ دوكلاتتا دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، خەلق رايى گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، دوكلاتنى تەييارلاش جەريانىدا ئاساسىي قاتلامدىن تولۇق تەكلىپ ـ پىكىر ئېلىنىپتۇ ۋە قوبۇل قىلىنىپتۇ. مەن بۇ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن، قەتئىي ھىمايە قىلىمەن، 2020 ـ يىللىق خىزمەتلەردە ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

2019 نەتىجە قەغىزى

200 مىليون ئادەم قېتىم ساياھەتچى شىنجاڭنى بەھۇزۇر ساياھەت قىلدى

كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى مىقدارى جەھەتتە تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رېن جياڭ** خەۋەر قىلدۇ: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى مىقدارىدا 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولۇپ، ساياھەت كىرىمى 345 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 41.6% ۋە 40.4% ئاشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى. قار ـ مۇز ساياھىتى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش، تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقى ساياھىتى، ئىستىراھەت ساياھىتى، پۇقراۋى قونالغۇ ساياھىتى قاتارلىقلار تېز تەرەققىي قىلدى، پامىر ساياھەت رايونىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئۆستۈرۈلدى.

شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى ۋەكىللەر، ئەزالارنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلدى، «2019 ـ يىلى، تۇرپان شەھىرى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 23 مىليون 360 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45.42% ئاشتى. ھەر يىلى 3 ـ ئايدا ئۆرۈك چېچەكلىگەندىن كېيىن، پىچان ناھىيەسىگە ساياھەتكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، تۇرپان يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي دىرېكتورى مياۋ شىنجو مۇنداق دېدى: قىزىۋاتقان ساياھەتچىلىك مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ساياھەتچىلىك يەنە يېمەك ـ ئىچمەك، مېھمانخانا قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تېخىمۇ بىۋاستە تۈرتكە بولدى، ساياھەتچىلىك ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلاندى.

2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا «يۇقىرى دەرىجىلىك، خاس، ئېسىل» بولۇشتەك ئورۇننى بېكىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «تۆت پەسىل جېڭى»نى ياخشى قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت ۋە ساياھەت قاتارلىق تارماقلىرى يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت مۇھىتىنى تېخىمۇ بىخەتەر قىلدى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرى تېخىمۇ موللاشتى، ساياھەت بازىرى تېخىمۇ جانلاندى، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى مۇقىم ئاساستا ئۆرلىدى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن سۈپەتلىك ماركىنىڭ تېخىمۇ داڭقى چىقتى.

2020 ۋەزىپەنامە

ساياھەتتە كۈتۈۋېلىنىدىغان ساياھەتچى سانىنىڭ 300 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز

ساياھەتچىلىكنى يېتەكلەش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، پۇقرالارغا بەخت يارىتىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **رېن جياڭ، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلدۇ: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى يېتەكلەش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، پۇقرالارغا بەخت يارىتىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن يىلدا كۈتۈۋېلىنىدىغان ساياھەتچىنىڭ 300 مىليون ئادەم قېتىم ئەتراپىدا بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز «ساياھەت +»نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، «كەسىپ ساياھەتچىلىكنى چۆرىدەپ ئايلىنىش، مەھسۇلات ساياھەتچىلىكنى چۆرىدەپ كۆپىيىش، قۇرۇلما ساياھەتچىلىكنى چۆرىدەپ تەڭشىلىش، فۇنكسىيە ساياھەتچىلىكنى چۆرىدەپ تەقسىملىنىش، خەلق تۇرمۇشى ساياھەتچىلىكنى چۆرىدەپ گۈللىنىش»تەك پۈتۈن رايون ساياھەت تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بولۇپمۇ سۈپەتلىك بايلىقنى بازارلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ساياھەت بازىرىنى ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك بازىرىنى باراۋەر ئېچىشقا قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىدۇ. «گۇرۇھىمىز ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى كارخانىلار بىلەن كۈچلۈك بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي مۇئاۋىن باش دىرېكتور پەرھات مەتمىن مۇنداق دېدى: جۇڭتەي گۇرۇھى داۋاملىق ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىپ، ساياھەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ ئېچىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن رايون ساياھەت ئېسىل لىنىيەسى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ مەدەنىيەت، ئىستىراھەت، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش، مائارىپ قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ساياھەت ئۇلئەسلىھەسى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئاقىل ساياھەت ۋە ساياھەت ئىستاتىستىكا چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ؛ ساياھەت جابدۇقلىرى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئېسىل مەنزىرە رايونلىرى، ئېسىل لىنىيەلەرنى ئېچىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىدۇ؛ يېزا ـ كەنت ساياھىتى ۋە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى تۈرتكىلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ؛ «شىنجاڭ سوۋغىسى» رايون ئاممىۋى سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئوبرازى تەشۋىقات ـ ماركېتلىق سىستېما قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، «تەبەسسۇملۇق شىنجاڭ» ساياھەت مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.